ISTIQLAL

ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

فېۋرال 2023 (ئومۇمي 31 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۈنجى باسقۇچىدۇر


















# بارچە بىر قەلبتە




# ماراكەش كونسۇلخانسى ئالدىدا

# ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى

2-فېۋرال ئىستانبۇلدىكى ماراكەش كونسۇلخانسى ئالدىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ماراكەش ھۆكۈمىتى ئىدرىس ھەسەننى تېزدىن قويۇپ بېرىش ۋە خىتايغا قايتۇرماسلىققا چاقىرىق قىلىندى.

ئاخبارات ئېلان قىلىش پائالىيىتىنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى، مۇسۇلمان ئالىملار ئىتتىپاقى، پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى ۋە باشقا بىر قانچە تەشكىلات ھەمكارلىشىپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ماراكەش تۈرمىسىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئىدرىس ھەسەننىڭ تېزدىن قويۇپ بېرىلىشى ۋە خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقى تەلەپ قىلىندى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي باياناتنى ئېلان قىلدى.

باياناتتا خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاۋاتقانلىقى، ئىدرىس ھەسەن خىتايغا قايتۇرۇلسا، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئوخشاش بولىدىغانلىقى، مۇسۇلماننى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇسۇلمان ھۆكۈمىتى ياكى بىر مۇسۇلمانغا لايىق ئەمەسلىكى، بۇ سەۋەبلىك ماراكەش ھۆكۈمىتىنى ئىدرىس ھەسەننى قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ تۈركىيەدىكى ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇشىغا رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

ئىدرىس ھەسەننىڭ ئايالى بۈزەينۇر خانىممۇ سۆز قىلىپ، يولدىشىنىڭ خىتاي تۆھمەت قىلغاندەك جىنايەتچى ئەمەسلىكىنى، پەقەتلا خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى، ماراكەش ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ خىتاينىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ قالغانلىقىنى، ماراكەش ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قارارىغا نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يولدىشىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ھەرقايسى ئەركىن دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى تۇرغان دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىگە ئىدرىس ھەسەننىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن ماراكەش ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەكتۇپ يېزىشقا چاقىردى.

ئىدرىس ھەسەن 2021-يىلى 19-ئىيۇل خىتاينىڭ تەلىپى بىلەن ماراكەش دائىرىلىرى تەرىپىدىن كاسابلانكا ئايرودۇرۇمىدا تۇتۇپ قېلىنغان. ئىدرىس ھەسەننىڭ ئادۋوكاتىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، سوت مەھكىمىسى ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇشنى قارار قىلغان بولۇپ، سوتنىڭ قارارىغا نارازىلىق ئەرزى سۇنغىلى بولمايدىكەن. ئەمما ئەھۋالنى خەلقئارا تەن جازاسىغا قارشى تۇرۇش كومىتېتىغا مەلۇم قىلىش ۋاستىسى بىلەن، ئىدرىس ھەسەننى چېگرادىن قوغلاپ چىقارماسلىق ھەققىدە ھەرىكەت قىلىشقا بولىدىكەن. ئۇندىن باشقا ئىككىنچى بىر ئامال بولسا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئورگانلار ئارقىلىق ئىدرىس ھەسەننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە ماراكەش ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىش مۇمكىن ئىكەن.




1-فېۋرال كانادا پارلامېنتىدا خىتايدىن قېچىپ 3-دۆلەتتە ياشاۋاتقان خەتەر ئاستىدىكى 10 مىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرنى كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇش قارار لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلۇپ، باش مىنىستىر جاستىن تىرۇدو، ئۇنىڭ كابىنېت مىنىستىرلىرى ۋە بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللاپ ئاۋاز بېرىشى نەتىجىسىدە، نۆلگە قارشى 322 ئاۋاز بىلەن رەسمىي ماقۇللاندى.

كانادا پارلامېنت ئەزاسى سامىر زۇبەرى پارلامېنتقا سۇنغان مەزكۇر تەكلىپكە چارشەنبە كۈنى بارلىق پارلامېنت ئەزالىرى قوللاپ بېلەت تاشلىغان. تەكلىپتە بۇ پىروگراممىنىڭ 2024-يىلى باشلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كاناداغا ئېلىپ كېلىنگەن چىقىمىنى كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

مەزكۇر تەكلىپكە باش مىنىستىر تىرۇدو ۋە ئۇنىڭ كابىنېتىمۇ قوللاپ بېلەت تاشلىغان بولۇپ، تىرۇدو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىمقى

مەيدانى ئىلگىرىكى پوزىتسىيەسىگە نىسبەتەن جىددىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى، دەپ قارالماقتا ۋە كانادا ھۆكۈمىتىنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ۋاستىلىك ئېتىراپ قىلىشى، دەپ مۇلاھىزە قىلىنماقتا.

كانادا پارلامېنت ئەزالىرى 2021-يىلى 2-ئايدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، تىرۇدو ھۆكۈمىتى ئاۋاز بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. كانادا پارلامېنتى ئەزالىرى ھۆكۈمەتنى ھازىر ئۈچىنچى دۆلەتتە ياشايدىغان ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلغان.

مەزكۇر قارار لايىھەسى تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللانغاندىن كېيىن، قارار لايىھەسىنى سۇنغان لىبېرال پارلامېنت ئەزاسى سامىر زۇبەرى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇ لايىھەنىڭ بىردەك ئاۋازدا ماقۇللىنىشىنى «تارىخىي پەيت» دەپ سۈپەتلىدى.

سامىر زۇبەرى سۆزىدە يەنە: «يۈز بەرگىنى بىر تارىخىي ھادىسە. ھۆكۈمەت كابىنېتى تۈنجى قېتىم ئۆزىنىڭ پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلىدى. بۈگۈن بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز، بارلىق پارتىيەلەرنىڭ، بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بىرلىككە كېلىپ ئۇيغۇر خەلقىنى قوللىشىدۇر. بۇ كانادا ئۈچۈن بىر تارىخىي پەيت بولۇپلا قالماي، خەلقئارا جەمئىيەت، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانىيەت ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ تارىخىي پەيت. ئۇيغۇرلارغا بولۇۋاتقان ئىشلارنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى. سامىر زۇبەرى يەنە كانادا باش مىنىستىرى، كابىنېتى ۋە پارلامېنتىنىڭ بۇ قارار لايىھەسىنى قوللىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقى بىلدۈردى.

ئاخبارات يىغىنىغا يەنە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، «كانادا ئۇيغۇر ھەقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى»نىڭ باشلىقى مەمەت توختى، «ئۇيغۇر ھەقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى»نىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى، ئوتتاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى، پىروفېسسور مارگارېت مىككىكۋاي جونستون خانىم قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىشتى.

دولقۇن ئەيسا سۆزىدە تىرۇدو ھۆكۈمىتى ۋە بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنى ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بۇ قارار بىزگە نوقۇل ئۈمىد بېغىشلاپلا قالماي، بىزگە يەنە ئىلھام ۋە داۋاملىق كۈرەش قىلىش، سۆزلەش ئىرادىسى بېغىشلايدۇ» دېدى.

يىغىندا ئۇيغۇر ھەقلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنىڭ رەئىسى مەمەت توختى سۆز ئېلىپ، بىردەك ئاۋاز بىلەن ماقۇللانغان بۇ لايىھە كانادا پارلامېنتىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىر باشلىنىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

بۇ قارار لايىھەسى خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ 3-دۆلەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن 10 مىڭ كىشىنى 2024-يىلىدىن 2026-يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە كاناداغا يۆتكەپ كېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. قارار لايىھەسىنىڭ 1-فېۋرال ماقۇللانغان ئاخىرقى نۇسخىسىغا بەزى تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا ھۆكۈمەتنىڭ 10 مىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرنى كاناداغا يۆتكەپ كېلىش پىلانىنى 100 كۈن ئىچىدە پارلامېنتقا بىلدۈرۈشى، شۇنداقلا بۇ لايىھەنىڭ پەقەت خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىدىن قاچقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر بىلەن چەكلىنىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.



# خىتاينىڭ «جاسۇسلۇق شارى»
# ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىدە كرىزىس پەيدا قىلدى

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى ئۆزلىرىنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ئۈستىدىن ئۇچۇۋاتقان يەنە بىر خىتاي جاسۇسلۇق شارىنى بايقىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي رېجىمى تۇنجى بايقالغان ئېگىز بوشلۇقتىكى شارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانىدى.

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكىدىكى سەزگۈر ھەربىي ئەسلىھەلەر رايونى ئۈستىدە ئۇچقان «جاسۇسلۇق شارى» نىڭ خىتايغا تەۋە بىر بازىدىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكى ئېنىقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدا كىرىزىس پەيدا قىلغان «جاسۇسلۇق شارى» ئىككىگە يەتتى.

بەش بۇرجەكلىك بىنا باياناتچىسى پاترىك رايدېر: «بىز شارنىڭ لاتىن ئامېرىكىسى ھاۋا تەۋەلىكىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ خىتاينىڭ يەنە بىر كۆزىتىش شارى ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق، نۆۋەتتە باشقا ئۇچۇرلىرىمىز يوق» دەپ باينات ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر جاسۇسلۇق شارىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا 60 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە ئۇچقانلىقىنى ئۇقتۇرۇلغان.

ئاقساراي باياناتچىسى كارىن ژان پيېر خىتاينىڭ ئامېرىكا ھاۋا بوشلۇقىدىكى جاسۇسلۇق شارى توغرىسىدا سۆز قىلىپ: «بۇ شارنىڭ ھاۋا بوشلۇقىمىزدا بولۇشى خەلقئارا قانۇن، شۇنداقلا ئىگىلىك ھوقۇقىمىزغا ئوچۇق-ئاشكارا خىلاپلىق قىلغانلىق، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

ژان پيېر سۆزىنىڭ داۋامىدا: «خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ شارنىڭ ئامېرىكا ھاۋا بوشلۇقىغا كىرگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ: «پىرېزىدېنت ھەمىشە ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ» دېدى.

ژان پيېر يەنە: «بۇ پىرېزىدېنت دەۋرىدە بىز خىتاينى مەغلۇپ قىلىش، دۆلەت بىخەتەرلىكىمىزنى قوغداش ۋە ئەركىن ۋە ئوچۇق ھىندى-تىنچ ئوكياننى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك تەييارمىز» دېدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بولسا هاۋا شارىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا نومۇسسىزلارچە بۇ شارنىڭ خىتاينىڭ پۇقراۋى هاۋا شارى ئىكەنلىكىنى ۋە مېتېئورولوگىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ شامالنىڭ غەربكە قاراپ چىقىشى بىلەن كونتروللۇقنى يوقىتىپ، ئۆز ئوقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن كېيىنكى هەپتىسى بېيجىڭنى زىيارەت قىلىپ، شى جىنپىڭ ۋە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىن گاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى. لېكىن خىتايغا تەۋە جاسۇسلۇق شارىنىڭ ئامېرىكا هاۋا بوشلۇقىدا بايقىلىشىدىن كېيىن، كېلەر هەپتىدىكى بېيجىڭ زىيارىتىنى بىكار قىلدى.

بىلىنكېن جاسۇسلۇق شارى كىرىزىسىنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى ۋە ئىككى دۆلەت خەلقى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىغان بېيجىڭ زىيارىتىنىڭ مەقسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «مېنىڭچە هاۋا بوشلۇقى بۇنداق دەخلىگە ئۇچرىغان هەر قانداق بىر دۆلەت مۇشۇ تەرىقىدە ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش خىتايدا يۈز بەرگەن بولسا، بىلدۈرۈلىدىغان ئىنكاسنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مەن تەسەۋۋۇر قىلالايمەن» دېگەنلەرنى قەيت قىلدى.




تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى يېقىندىن تەيىنلەنگەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىن گاڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تۈركىيە ئاۋازىنىڭ 2-فېۋرالدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان باياناتتا ئېيتىلىشىچە، تېلېفون سۆھبىتىدە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى چىن گاڭنىڭ يېقىندىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغانلىقىنى تەبرىكلىگەن. سۆھبەت جەريانىدا ئىككى تەرەپلىك سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي

ھەمكارلىق ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ كۆپ تەرەپلىك مۇناسىۋىتى مۇزاكىرە قىلىنغان.

ئىگىلىنىشچە، مەۋلۇت چاۋۇشئوغلى سۆھبەتتە يەنە چىن گاڭغا تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدە خىتايدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تۈركىيەنىڭ بۇ مەسىلىنى سەزگۈر مەسىلە قاتارىدا كۆرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

خىتاي خەلق تورىنىڭ 3-فېۋرال بۇ ھەقتە بەرگەن خەۋىرىدە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىن گاڭ سۆھبەت داۋامىدا ياخشى بولغان خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئىككى دۆلەت خەلقىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، خىتاي تۈركىيەنىڭ كۆپ قېتىم بىر خىتاي سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ئالقىشلايدىغانلىقىنى، تۈركىيەنىڭ ئۆز دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قوللايدىغانلىقىنى، تۈركىيەنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىنى قوللايدىغانلىقىنى، تاشقى كۈچلەرنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، تۈركىيەنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ»غا ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئىككى تەرەپنىڭ رايون ئىشلىرىدا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ب د ت قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك سورۇنلاردا ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان.




5-فېۋرال خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا 1997-يىلى 5-فېۋرالدا يۈز بەرگەن غۇلجا قەتلىئامىنى ۋە غۇلجا شېھىتلىرىنى خاتىرىلەش نامايىشى ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقا كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، قاتتىق سوغۇق ۋە يامغۇرغا قارىماستىن نەچچە يۈزلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار نامايىشقا قاتناشتى.

نامايىشچىلار خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاپ، نارازىلىقىنى بىلدۈردى.

ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئېلان قىلىپ، 73 يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي مۇستەملىكىچىلىكى باشلانغانلىقىنى، شۇنىڭدىن بېرى خىتاينىڭ تېررور سىياسىتىنى بىر كۈنمۇ توختاتمىغانلىقىنى، 1997-يىلى غۇلجىدا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىپ چىققان يۈزلىگەن بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغانلىقىنى، خىتاينىڭ يەنە يېقىنقى يىللاردىن بېرى نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا قاماپ، ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، پۈتۈنلەي يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ باياناتىدا يەنە: «ئىسلام دۇنياسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە سۈكۈت قىلىپ، بىزنى يالغۇز قويماقتا. بىز تۈركىيە باشلىق ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كېلىپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىمىز» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ئىنگلىزچە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ بۇندىن 26 يىل بۇرۇن غۇلجىدىكى بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلغانلىقىنى، نۆۋەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، بۈگۈن بولسا تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتكە بۇلارنى قايتا ئەسلىتىش ئۈچۈن يىغىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇشقا چاقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام ئەرەبچە بايانات ئېلان قىلىپ، ئەرەب-












ئىسلام دۇنياسىغا خىتاب قىلدى. ئۇ 1997-يىلى رامىزان ئېيىدىكى مۇبارەك كۈن - قەدىر كېچىسىدە يۈز بەرگەن غۇلجا قەتلىئامىنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىردى.

ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن غۇلجا قەتلىئامىنى ۋە شېھىتلەرنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، جۈملىدىن قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار قىرغىزىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن غۇلجا قەتلىئامىنى خاتىرىلەپ يىغىلىش ئۆتكۈزدى. ئۇندىن باشقا شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، يېغىۋاتقان قارغا قارىماي، ئىستوكھولمدا تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى.

گوللاندىيەدىمۇ 5-فېۋرال گوللاندىيە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، دام مەيدانىدا غۇلجا قەتلىئامىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

ئاسىيا خەلقئارالىق خەۋەرلەر تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 5-فېۋرال باغلادىش مۇسۇلمانلىرىمۇ غۇلجا قەتلىئامىنىڭ 26 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتايغا قارشى باياناتى ئېلان قىلىش، ۋېلىسىپىتلىك يۈرۈش قىلىش، پىيادە يۈرۈش قىلىش، ئادەم زەنجىرى ھاسىل قىلىش قاتارلىق بىر قاتار نامايىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىگەن.




گېرمانىيەلىك تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا ئالاقىدار زور تۈركۈمدىكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇلانغان ئىزدەش ماتورىنى ئېلان قىلدى.

ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن نوپۇزلۇق دوكلاتلارنى ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان گېرمانىيەلىك مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ

باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىغا ئالاقىدار بەش مىليون سانلىق مەلۇمات، 730 مىڭ كىشىنىڭ ئارخىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ئىزدەش ماتورىنى ئېلان قىلدى.

بۇلتۇر ماي ئېيىدا BBC قانىلى خىتاي ساقچى دائىرىلىرىنىڭ كومپيۇتېر ئارخىپلىرىدىن ئېرىشىلگەن، جازا لاگېرىدىكى 2900 غا يېقىن ئۇيغۇرنىڭ سۈرەتلىرى، شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ جازا لاگېرىدىن قېچىشقا ئۇرۇنغانلارنى ئىككىلەنمەي ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور تۈركۈمدىكى ئۆچۈرلارنى ئېلان قىلغانىدى. خاككېرلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قولغا چۈشۈرۈلگەن مەزكۇر ئۆچۈرلار باشتا تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئۆچۈرلارنى BBC غا تەمىنلەپ بەرگەنىدى.

بۇ قېتىم ئىزدەش ماتورىغا ئېچىۋېتىلگەن مەلۇماتلار شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىغا ئالاقىدار بەش مىليون ئۆچۈرنى رەتلەش، 730 مىڭ شەخسنىڭ ئارخىپىنى تۈرغۇزۇش نەتىجىسىدە تەييارلانغان بولۇپ، ئاساسلىقى تېكەس ناھىيەسى ۋە كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق تۇتقۇنلارنىڭ ئۆچۈرلىرى ئىكەن. ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىم ئېچىۋېتىلگەن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى بۇرۇنقى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تولۇقلىمىسى ھېسابلىنىدىكەن.




ۋاشىنگتوندا جايلاشقان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» 9-فېۋرال يېڭى دوكلات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى (UNESCO) تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت

مىراسلىرىغا قارشى «سىستېمىلىق مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» سىياسىتى ئىجرا قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

دوكلاتنى تەييارلاشقا ھەمكارلاشقۇچى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ۋە ئافرىقا تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى رېچېل ھارىس گېرمانىيە ئاۋازىغا: «خىتاينىڭ قىلمىشى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى ئېيتقاندەك، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تارتىۋېلىش ۋە يوقىتىش ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، بىر ھاكىمىيەتنىڭ مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قىلغان ھۇجۇملىرى كونكرېت مىللەتلەرنى بىۋاستە نىشانلىغان بولىدۇ. بۇ بىر مەدەنىيەتكە قارشى قىلىنغان ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بىر مىللەت ۋە شۇ مىللەتنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش» دېگەن.

دوكلاتتا خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى، مەشرەپ ئەنئەنىسى، كارىزلىرى ۋە قىرغىزلارنىڭ ماناس داستانى قاتارلىق مەدەنىي مىراسلىرىنى چەكلىگەنلىكى، ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقى ياكى ۋەيران قىلغانلىقى تەكىتلىنىپ، مەزكۇر مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۇچ كەلگەندەك قىرغىنچىلىق تەقدىرىگە دۇچ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا خىتاينىڭ بۇ خىل قىلمىشلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى ئوتتۇرىغا قويغان «سىستېمىلىق مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى» جىنايىتى دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

دوكلاتتا يەنە خىتاي رېجىمىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى باشقۇرۇشنى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى بىلەن شېرىكلەشكەن سودىگەرلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرغانلىقى، بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن ئىقتىسادىي مەنپەئەت قورالى ۋە تەشۋىقات قورالى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ ۋەيران قىلىنغانلىقى تەكىتلەنگەن.



6-فېۋرال ئەتىگەن سائەت تۆت يېرىم ئەتراپىدا تۈركىيەنىڭ قەھرىماناماراش ۋىلايىتىدە 7.4 بال، گازىئانتەپ ۋىلايىتىدە 6.4 ۋە 6.5 بال يەر تەۋرىگەن بولۇپ، تۈركىيەنىڭ باشقا سەككىز ۋىلايىتىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە يەر تەۋرىدى. قالدۇق يەر تەۋرەشنىڭ داۋاملىشىشى نەتىجىسىدە ئېغىر پاجىئە يۈز بەردى ۋە قازا قىلغان، يارىدار بولغانلارنىڭ سانى داۋاملىق ئۆرلىمەكتە.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى جىددىي ياردەم گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان قەھرىماناماراشقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇندىن باشقا ئاپەت رايونىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، ئىز-دېرىكى يوقلارنى جىددىي ئىزدەش باشلاندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئىستانبۇلدىن 18 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپىنىڭ ئاپەت رايونىدىكى ياردەم بېرىش ۋە قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاتلانغانلىقىنى، كونيا ۋىلايىتىدىنمۇ ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا بىلەن قوشۇلۇپ، جەمئىي 30 كىشىلىك قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى بولغانلىقىنى، بۇلار قەھرىماناماراشتىكى ئاپەت رايونىدا قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، ئوقۇغۇچىلارنى بىخەتەر شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا ئاپەت رايونىدا قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى قاتارلىقلار تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاپەتكە قارشى قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

6-فېۋرال كەچتە تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخاننىڭ چاقىرىقى بىلەن يەنە 150 ئۇيغۇر «جىددى قۇتقۇزۇش ئەترىتى»گە پىدائىي بولۇپ تىزىملاتقان ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن 7-فېۋرال يەر تەۋرەش رايونىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇندىن باشقا قەھرىماناماراش ۋىلايىتىدىكى يەر تەۋرەشتە ئۆرۈلگەن بىنا ئاستىغا قاپسىلىپ قالغان ئابدۇللاھ ئالىم ئىسىملىك ئۇيغۇر ياش 7-فېۋرال قۇتقۇزۇۋېلىنغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولدى.

دەسلەپكى كۈندىن بۇيان قەھرىماناماراشتا تۇرۇۋاتقان 30 كىشىلىك قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە قەھرىماناماراشنىڭ كادىرئوغلۇ ناھىيەسىدە قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم خىزمىتىنى داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا تاماق ئېتىپ قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزگەندىن باشقا، رايونغا ئەۋەتىلگەن ياردەم بۇيۇملىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارغا تارقىتىش خىزمەتلىرىنى قىلدى ۋە بۇ جەرياندا كۈندە 5000 كىشىلىك پولۇ ئېتىپ تارقاتتى. 65 كىشىلىك ئىككىنچى قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى بولسا ئاپەت ئەڭ ئېغىر رايونلاردىن بىرى بولغان ھاتايدا ياردەم خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۈلتۈر ۋە ئائىلە جەمئىيىتىدىكى خانىم-قىزلار ۋە خانىم ئۇستازلار ئۇيۇشمىسىدىكى خانىملارمۇ ئورتاق قارار چىقىرىپ، يەر تەۋرەش رايونىغا ياردەم توپلاش چاقىرىقى ئېلان قىلغان ۋە 7-فېۋرال 70 مىڭ تۈرك لىراسى ۋە 400 دوللار نەق پۇل ياردەم توپلاپ، كۆك ئاي جەمئىيىتى ئارقىلىق ئاپەت رايونىغا ئەۋەتكەن ۋە 9-فېۋرال ئاپەت رايونىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن

قىز-ئاياللار، باللار ئۈچۈن قىشلىق كىيىم-كېچەك، تازىلىق بۇيۇملىرى، يوتقان، ئەدىيال، كېپەنلىك قاتارلىقلارنى تەييارلاپ ئەۋەتكەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەر تەۋرەش رايونىدىكى چېدىرلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن يۇڭ، پاختا كۆرپە تىكىش، ئاياللارغا قېلىن ئىشتان ۋە كۆينەك تىكىش پىلانى بويىچە IHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ بىلەن رەخت تەمىنلىنىش ھەققىدە ھەمكارلاشقان بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېلىپ كېلىنگەن رەختلەر بىلەن نۇرغۇن، دەسلەپكى كۈندىن بۇيان قەھرىمانىماراشتا تۇرۇۋاتقان 30 كىشىلىك قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇلار رايونغا ئەۋەتىلگەن ياردەم بۇيۇملىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا تارقىتىش، قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىشتىن باشقا، پىدائىيلار تەييارلىغان تاماقلارنى مەركەزلىك ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، قۇتقۇزۇش خادىملىرى ھەمدە ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە تارقاتتى.




ھىرا تىككۈچىلىك ئىشخانىسى، سېلىمپاشا ئاياللار تىككۈچىلىك ئىشخانىسىدا جىددىي كىيىم تىكىلىشكە باشلىغان، شۇنداقلا يوتقان-كۆرپە تىكىش ئۈچۈنمۇ كۆپ مىقداردا يۇڭ ۋە پاختا سېتىلىۋېلىنغان.

ئاپەت رايونىدىكىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن يەنە ئىستانبۇل ۋە قەيسەرىدىن تەشكىللىنىپ بارغان باشقا ئۇيغۇرلارمۇ ياردەم بۇيۇمى يەتكۈزۈش، تاماق ئېتىش ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا خىزمەت قىلدى.

10-فېۋرال كەچتە يەنە ئاپەت رايونىغا ئۈچىنچى تۈركۈم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسى ئون تاغار يوتقان، 3000 ئۇيغۇر نېنى ۋە ئۇندىن باشقا ياردەم بۇيۇملىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ، ئاپەت رايونىغا يېتىپ باردى.

65 كىشىلىك ئىككىنچى قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى ھاتايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ خارابىلىق ئاستىدا قالغان كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش، ياردەم بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ۋە تاماق ئېتىش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن جىددىي ئىشلىدى.

شۇنداقلا 10-فېۋرال شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىكى ئۇستازلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت قەھرىمانماراشقا ۋە ھاتايغا يېتىپ بېرىپ، ئالدىنقى سەپتە جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقان پىدائىي ئۇيغۇرلاردىن ھال سورىدى.

بۇ جەرياندا ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى مۇخبىرلىرىدىن مەردان ئۇيغۇر ۋە ئەرشىدىن ئىدىقۇت ئاپەت ئېغىر بولغان قەھرىمانماراش ۋە ھاتاي ۋىلايىتىدە تۇرۇپ مەلۇمات بېرىپ تۇردى.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا يەر تەۋرەشتە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ئاتاپ تەشكىللەنگەن «تۈركىيە بىر قەلب» ئىئانە پائالىيىتىگە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋاكالىتەن بىر مىليون لىرا ئىئانە قىلدى ۋە يەتتە مىليون لىرا قىممىتىدە قۇتقۇزۇش، ياردەم بۇيۇملىرى يەتكۈزۈشكە ۋەدە قىلدى.

6-فېۋرال قەھرىمانماراشتا يۈز بەرگەن ۋە 10 ۋىلايەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى تەشكىللىگەن جىددىي قۇتقۇزۇش ياردەم گۇرۇپپىلىرى ئالدىنقى سەپتە، ھەم ئارقا سەپتە ياردەم خىزمەتلىرىنى داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىنمۇ بەس-بەستە تۈركىيەگە ياردەم سەپەرۋەرلىكى قانات يېيىۋاتقان بولۇپ، تۈركىيەدىكى پۈتۈن خەلقمۇ تۈنجى كۈندىن باشلاپلا ئاپەت رايونىدىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان دەرىجىدە قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزمەكتە.


15-فېۋرال تۈركىيەدىكى كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو قاناللىرى بىرلىكتە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئاپەت رايونلىرى ئۈچۈن «بىر قەلب» ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تۈركىيەدىكى ئەڭ چوڭ بايلاردىن، سەنئەتچىلەردىن باشلاپ، پۇل قۇتىسىدىكى پۇللىرىنى ئىئانە قىلغان ئەڭ كىچىك بالىلارغىچە بولغان مىليونلىغان كىشى بۇ سەپەرۋەرلىككە ئاۋاز قوشۇپ قېرىنداشلىق مېھرىنى، تۈرك خەلقىنىڭ سېخىيلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

قىزىق لىنىيە تېلېفونىغا ئۇلانغان خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئەپەندى بىرلىك نامىدىن، شۇنداقلا تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بىر مىليون لىرا ئىئانە قىلدى ۋە ئاپەت رايونىغا يەتتە مىليون لىرا قىممىتىدە چېدىر، يېمەكلىك، تازىلىق ماتېرىياللىرى، ئەدىيال، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈشكە ۋەدە قىلدى. 23 يەشىك پېچىنە،

قوشۇمچە يېمەكلىك، 1500 دىن ئارتۇق ئەدىيال، 21 مىڭدىن ئارتۇق ئىچ كىيىم، 204 مىڭدىن ئارتۇق پايپاق قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ياردەم بۇيۇملىرى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈلدى.

شۇنداقلا تۇنجى كۈندىن باشلاپلا يۈزلىگەن پىدائىيلار بىلەن ئاپەت رايونىدا خىزمەت قىلىۋاتقان كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى نۆۋەتتە قىلىۋاتقان ساھەدىكى ياردەملىرىنىڭ سىرتىدا بىر مىليون 357 مىڭ لىرا ئىئانە قىلدى.

ئانادولۇ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىئانە پائالىيىتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر 115 مىليارد 100 مىليون لىرا ئىئانە توپلانغان. ئۇندىن باشقا پائالىيەت داۋامىدا ھەربىرى 50 لىرادىن ھېسابلانغان قىسقا ئۇچۇردىن 9 مىليوندىن ئارتۇق يوللانغان.




# ياردەم سەپەرۋەرلىكى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مۇھەممەت تۇرسۇن ئۇيغۇر

مەلۇم بولغىنىدەك، 2-ئاينىڭ 6-كۈنى تۈركىيەنىڭ قەھرىمانماراش، ھاتاي قاتارلىق 10 ۋىلايىتىدە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئېغىر دەرىجىدە يەر تەۋرىدى.بۇ يەر تەۋرەش ئاپىتى «تۈركىيە ۋە دۇنيادا مۇشۇ ئەسىردە يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ تەبىئىي ئاپەت» دەپ ئاتالدى. 13 مىليوندىن كۆپ ئادەم ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 20-فېۋرالغىچە 42 مىڭ 310 ئادەم قازا قىلدى، يۈز مىڭدىن كۆپ ئادەم يارىلاندى. ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن يۈزدىن كۆپ دۆلەتتىن توققۇز مىڭدىن ئارتۇق جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرى ياردەمگە كەلدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ ئاپەت يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم سەپەرۋەرلىكى قوزغىدى.

15-فېۋرال كەچتە تۈركىيەنىڭ 213 تېلېۋىزىيە قانىلى ۋە 562 رادىيو قانىلىدا بىرلا ۋاقىتتا «تۈركىيە بىر قەلب» ئىسمى بىلەن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى باشلاندى. ھەرىكەتكە تۈركىيەنىڭ مەركىزىي بانكىسى ۋە باشقا ئەڭ چوڭ بانكىلىرى، مىلياردېرلار، داڭلىق بايلار، شىركەت خوجايىنلىرى قاتارلىقلار بولۇپ، تۈركىيەنىڭ ئىچى-سىرتىدىن 10 مىليوندىن كۆپ ئىدارە-ئورگان ۋە كىشىلەر ئاۋاز قوشتى. بۇ ھەرىكەتتە جەمئىي 115 مىليارد 146 مىليون 528 مىڭ

لىرا (تەخمىنەن 6 مىليارد 105 مىليون 330 مىڭ 220 دوللار) ياردەم يىغىلدى.بۇ ياردەمگە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى 1 مىليون لىرا نەق پۇل ياردەم قىلدى.شۇنىڭ بىرلىكتە، بىر ھەپتە ئىچىدە 7 مىليون لىرا قىممىتىدە ھەر خىل ياردەم بۇيۇملىرى ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇلاردىن باشقا تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى باشقا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمۇ ياردەم سەپەرۋەرلىكى قوزغاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىمكانلىرىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 2-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە قىلغان ئىئانە ۋە ياردەملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى: 8 مىليون لىرا قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي ياردەم.

2. كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى: 1 مىليون 357 مىڭ لىرا نەق پۇل، ئاپەت رايونىدا كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلىۋاتقان 200 گە يېقىن پىدائىيلار ۋە باشقا ھەر خىل ئاش-تاماق قاتارلىق ياردەملەر.

3. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى: 1 مىليون لىرا.

4. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار: 4 مىليون لىرا.

5. كانادا شەرقىي تۈركىستان فېدېراتسىيەسى: 282 مىڭ لىرا.

6. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار: 680 مىڭ لىرا.

7. قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇرلار: 2 مىليون 546 مىڭ لىرا.

8. ۋېنگرىيە ئۇيغۇر ئىسلام مەركىزى: 188,500 لىرا.

9. شەرقىي تۈركىستانلىقلار فېدېراتسىيەسى: 100 مىڭ لىرا.

10. شەرقىي تۈركىستان كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت جەمئىيىتى: 1 مىليون لىرا قىممىتىدە ماددىي ياردەم.

11. ئىلى مەشرەپ ۋەقفى: 120 مىڭ لىرا.

12. پىدائىيلار گۇرۇپپىسى: 130 مىڭ لىرا.

13. بۇلاردىن باشقا تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدا ھەر كۈنى 7000 كىشىلىك پولۇ تارقاتقان بولۇپ، چىقىمى تەخمىنەن 4.5 مىليون لىرا.

ئىگىلىنىشىچە، ھازىرغا قەدەر ئاپەت رايونىغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىستانبۇل، قەيسەرى، كونيا ۋە ئانتالىيەلەردىن ئاز دېگەندە 500 ئۇيغۇر پىدائىي قاتناشقان.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن قىلىنغان، ئادەم كۈچىدىن ۋە ھەر خىل ياردەم بۇيۇملىرىدىن باشقا نەق پۇل: 23 مىليون 903 مىڭ 500 لىرا بولغان.

بۇ تۈرك لىراسىنى بۈگۈنكى پېرېۋوت نىسبىتى بويىچە ئامېرىكا دوللىرىغا ئايلاندۇرساق، تەخمىنەن 1 مىليون 267 مىڭ 523 دوللار بولىدىكەن.

ئەمدى ئۇيغۇر خەلقى ياردەم قىلغان بۇ 1 مىليون 267 مىڭ 523 دوللارنى تۈركىيە قاناللىرىدا تەشكىللەنگەن «تۈركىيە بىر قەلب» ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىدە يىغىلغان 6 مىليارد 105 مىليون 330 مىڭ 220 دوللارغا نىسبەتلەشتۈرسەك، 0.0207% نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ سان گەرچە ئازدەك كۆرۈنسىمۇ، يۇقىرىدا بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان بانكىلار، ئىدارە-ئورگان، شىركەتلەر، مىلياردېرلار ۋە ئون مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ھېسابقا قوشقاندا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىمىزنى كۆزدە تۇتقاندا ھەرگىزمۇ سەل قارايدىغان سان ئەمەس.

بۇ ئىقتىسادىي ياردەمدىن باشقا، 15 كۈندىن بۇيان ئاپەت رايونلىرىدا 700 ئەتراپىدا پىدائىيلار نۆۋەتلىشىپ ئىزچىل تۈردە، كېچە-كۈندۈز دېمەي جىددىي قۇتقۇزۇش ۋە ھەر خىل ياردەم خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

دۇنيادا ياردەمگە ئەڭ ئېھتىياجلىق خەلق

بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇنداق بىر ھالدا تورۇپمۇ كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقى، پىداكارلىقى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كۆپلىگەن رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئاپەتنىڭ 3-كۈنى، يەنى 9-فېۋرال كەچتىن باشلاپ ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان مەلۇم ئورۇن ۋە رەھبەرلەر تەرىپىدىن بىر قانچە قېتىم چاقىرتىلىپ سۆھبەتلەشكەن ئەھۋاللار بولدى.

تۈركىيە گەرچە خىتاينىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ھەر خىل بېسىمىغا ئۇچراۋاتقان بىر دۆلەت بولسىمۇ، ھەم ئۆز ئەھۋالى بىلەن قالغان بولسىمۇ، يەنىلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەر خىل ياردەم خىزمەتلىرى ئەڭ داڭلىق خەۋەر ئاگېنتلىقلىرى، بىر قىسىم داڭلىق گېزىتلەر ۋە تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ سەممىيىتى ھەم پىداكارلىقىنى تۈركىيە خەلقىمۇ ئەلۋەتتە بىلدى. شۇڭا كۆپلىگەن تۈركلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، خىزمەتلىرى، ۋاپادارلىقى ۋە پىداكارلىقى ھەققىدە ۋىدىيو ئىشلەپ تارقاتتى. بۇ جەرياندا بىر تۈرك قولى جىددىي قۇتقۇزۇش جەريانىدا قاناپ كەتكەن بىر ئۇيغۇر پىدائىيىنىڭ سۈرىتى بىلەن مۇنداق بىر يازما ھەمبەھىرلىدى: «خارابىلىقتا يالىڭاچ قوللىرى بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقان جېنىم ئۇيغۇرۇم، قېرىندىشىم، دەردىمىزنى ئۆزىنىڭ دەردى بىلگەن قېرىنداشلىرىم، ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن».

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋاپادارلىقى ۋە پىداكارلىقى تۈركىيە ئىچى-سىرتىدا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، تەسىرلەندۈردى ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. چۈنكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەر يىلى، ھەر ئاي يۈزلىگەن ئېھتىياجلىق ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە بالىلار «كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى»نىڭ ئالدىدا ئۇن، ياغ، گۈرۈچ، نەق پۇل، بەلگىلىك سودا سارايلىرىدىن مال سېتىۋالىدىغان پۇل چېكى، كارت، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ياردەم بۇيۇملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن داۋاملىق ئۆچىرەتتە تۇراتتى. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنىڭ رەسىم ۋە ۋىدىيو خەۋەرلىرىنى كۆرگەن تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خىجىل بولۇپ كېتىپ: «ۋاي بۇ خەۋەر، رەسىملەرنى نېمىشقا تارقىتىسىلەر، ئادەمنى نېمىشقا نومۇس قىلدۇرۇسىلەر، ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بولغاندىن كېيىن بۇنداق داۋراڭ سالماي تارقاتمامسىلەر» دەپ قاقشاپ كېتەتتى. ئەمما داۋراڭ سالماي تارقىتىش مۇمكىن ئەمەستى. چۈنكى ئۇ ياردەمنى بەرگەنلەر تۈركلەرنىڭ، بەزى ئەرەبلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل ياردەم تەشكىلاتلىرى ۋە بايلىرى ئىدى. ئۇ ياردەمنى بەرگەنلەردىن ئۇيغۇر بايلاردىن باشقىلىرى داۋاملىق ئىسپات تەلەپ قىلاتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا بىر-ئىككى ئادەمنى نەق مەيداندا بولاتتى. ئۇلارمۇ «ياردەم قىل» دەپ تاپشۇرغان پۇل ۋە مال-مۈلۈك ئىگىلىرىگە ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ھەم ياردەم تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلارنىڭ ئىقامەت، ئىسىم ۋە تېلېفون نومۇرلىرىنى ئاپىرىپ ئىسپات قىلىپ كۆرسىتەتتى. بۇ خىل ئەھۋال يالغۇز بىز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، تۈركىيەنىڭ ئۆزىنىڭ خەلقى ئارىسىدىمۇ، باشقا چەت دۆلەتلەردىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. بىزنىڭ بۇنداق ياردەم قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىقتىسادىمىز بولمىغاچقا، تۈركىيەدىكى ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دەرد تۆكۈپ، بەزىدە 100-50 كىشىلىك، يەنە بەزىدە بىر قانچە يۈز كىشىگە يەتكىدەك ياردەم ھەل قىلىپ، مۇشۇنداق تارقىتىشقا مەجبۇر ئىدى. ھەرقانداق يەردە داۋاملىق بەرگەن قول ئالغان قولدىن ئۈستۈن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ قېتىم ئەھۋال دەل ئەكسىچە بولدى.

بۇ قېتىم يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان

تۈركلەر بىزنىڭ ئاپەت رايونىغا ياردەمگە بارغان پىدائىيلىرىمىز تارقاتقان تاماق ۋە باشقا ھەر خىل ياردەم بۇيۇملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئۆچرەتتە تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەر-كادىرلار، قوماندانلار، ساقچىلار، شەھەر قوغداش قىسىملىرى، دۆلەتنىڭ ھەر خىل قۇتقۇزۇش خادىملىرى... قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا بىزگىمۇ ئۇ ئېغىر كۈنلەردىكى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش، يۈزىمىزنى يورۇش-ئاقلاش شارائىتى، پۇرسىتى بەردى.

دېمىسىمۇ بۇ ئاپەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى، ۋاپادارلىقىنى ھەم پىداكارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پۇرسەت بولغاندەك بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاملىق ياردەم ئالىدىغانلا ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە ھەم ياردەم قىلالايدىغان، ھەتتا جېنىنىمۇ بېرەلەيدىغان ۋاپادار، ئىنسانپەرۋەر خەلق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

بۇ قېتىم ھېچقاچان ھېچقانداق ئىشقا پەقەتلا ئارىلاشمايدىغان، ياردەم قىلمايدىغان، پەقەتلا كارى بولمايدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسەتتى. ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئۇيغۇر ۋاستە ئارقىلىق 50 مىڭ دوللار نەق پۇل ياردەم قىلدى.

ھاياتىدا بىر قاچا لەغمەننىڭ پۇلىنى سىياسىي خىزمەتكە ئىشلىتىڭلار، دېمەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلدى. ھەتتا كىچىك باللار ئائىلە خەجلىمەي يىغقان پۇل قۇتىسىدىكى پۇللىرىنىمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېغىشلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇيغۇرلار تۈركىيە خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەتتە ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، قېرىنداشلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تەشكىلاتلىرى ئارقىلىق قىلغان ياردەملىرى بەزى دۆلەتلەردىنمۇ كۆپ ھەم ۋاقتىمۇ ئۇزۇن بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەر بۇ ياردەم سەپەرۋەرلىكىگە قارشى چىقتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى تور-مۇنبەرلەردە داۋاملىق «تەشكىلاتلار خەجلىگەن پۇلنىڭ ھېسابىنى بەرسۇن» دەپ دەۋا قىلاتتى. بۇ قېتىم پۇلنىڭ ھېسابىنى بەرگەندى، ئەمما ئاجايىپ بىر قىسما بولۇپ كەتتى.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ياردەم سەپەرۋەرلىكىگە بولغان پىكىر، كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلىرىنى فېيسبۇك، ۋاتسئەپ... قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا (قىسقىچە) تۆۋەندىكىدەك بىلدۈردى:

- ئۇيغۇرلار يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى. ئۇيغۇرلار بۇ قېتىم يەنە بىر قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدۇق. تۈركىيە بىزنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىمىز. بىر ئاش، تۇز يەۋاتقان يۇرت. مۇشۇنداق بىر تارىخىي پۇرسەتتە دەرنەكچىلىك، شەخسىيەتچىلىك قىلىپ بىرلىشەلمىدۇق. راست پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار سەپەرۋەر بولدى. ئەمما پۈتۈن ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى، ۋاتسئەپ توپلىرىنى پەقەت ئۆزىمىز تارتقان ۋىدىيو، رەسىملەر قاپلاپ كەتتى. ئۇنىمۇ كۆرگەنلەر يەنىلا ئۇيغۇرلار. ھېچبىر رەسمىي ئاخبارات ۋاستىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنمىدى... ئۇيغۇرلار يەنە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى...

- كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى...

- خەۋەرگە چىقىش ئۈچۈن ياردەم قىلىۋاتىدۇ...

- پۇل جىق بولاردا، قورساق بىكارغا چىقمايدۇ...

بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسىنى قىلىۋاتىمىز. بۇ جەرياندا داۋاملىق ئىقتىساد ئەڭ مۇھىم بىرىنچى ئامىل بولۇپ كەلدى. سىياسىي خىزمەت دېگەندە، تەشكىلات ئىشخانىلىرىنىڭ ئىجارىسى، تور، توك، گاز، سۇ، ھەر قېتىملىق يىغىنلار، نامايىشلار، پائالىيەتلەر... ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ پۇل كېتىدۇ. تەشكىلات

رەھبەرلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ خەزىنىسىنى ئېلىپ چىقمىغان. ئومۇمەن خەلقىمىزدە ئىقتىسادقا كۆڭۈل بۆلۈش ئەھۋالى ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلاتلىرىمىز داۋاملىق ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇلار قىسقىچە تۆۋەندىكىچە:

1. داۋالىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان كېسەللەرنى داۋالىتىش؛
2. ئۆي ئىجارىسى تۆلىيەلمىگەنلەر ئۈچۈن ياردەم قىلىش؛
3. باققۇچىسى يوق تۇل ئاياللارغا ياردەم قىلىش؛
4. يېتىم بالىلارغا ياردەم قىلىش؛
5. ئىشسىزلىقتىن قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلارغا ياردەم قىلىش؛
6. ئوقۇشتا قىينىلىپ قالغانلارغا ياردەم قىلىش؛
7. مەكتەپلەر... قاتارلىقلار.

خەلقىمىز بولسۇن ياكى تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى باشقا ياردەم تەشكىلاتلىرى ۋە ياردەم قىلغان كىشىلەر بولسۇن، قانچىلىك ياردەم قىلسا، قىلغان ياردىمىنى نېمىگە، كىمگە ۋە قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىش ھەققىدە شەرت قويۇپ ياردەم قىلىدىكەن. مەسىلەن: بىر قىسىم كىشىلەر سىياسىي خىزمەتكە، بىر قىسىم كىشىلەر مائارىپقا، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆي ئىجارىسى تۆلىيەلمىگەنلەرگە، كېسەللەرگە، باققۇچىسى يوق تۇل ئاياللارغا، يېتىم بالىلارغا... دېگەندەك. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۆي ئىجارىسى دەپ بەرگەن پۇلنى كېسەلگە، تۇل ئاياللارغا دەپ بەرگەن پۇلنى يېتىم بالىلارغا، ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن پۇلنى بۇنىڭغا ئىشلەتكىلى بولمايدىكەن. يەنى تەشكىلاتلار ياردەم قىلىنغان پۇلنى نېمىگە ئىشلىتىڭلار دېسە شۇنىڭغا ئىشلىتىدۇ.

يۇقىرىدا يېزىلغاندەك، ياردەم بەرگۈچىلەر ئۆزلىرى ياردەم قىلغان نەق پۇل قاتارلىق ھەرقانداق ياردەمنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغان بولغاچقا، ھەم ئەخلاق نۇقتىسىدىن، ھەم ئىسلام دىنىمىزنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئامانەتنى جايىغا تەگكۈزۈش كېرەك ئىكەن. شۇڭا بۇ قېتىم خەلقىمىزنىڭ بەرگەن ياردىمى ئومۇمىيۈزلۈك «تۈركىيەدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغانلارغا» دەپ بېرىلگەچكە، شۇ بويىچە جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

20-فېۋرال چۈشتىن كېيىن 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان 3-تۈركۈمدىكى شەرقىي تۈركىستان ياردەم پىدائىيلىرى چوڭ بىر يۈك ماشىنىسىغا بېسىلغان ھەر خىل ياردەم بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ئاپەت رايونىغا قاراپ يولغا چىقتى.

مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، نەق پۇل ۋە باشقا ھەر خىل ياردەم بۇيۇملىرى ئارقىلىق قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان بارلىق خەلقىمىزگە، جاپاكەش تەشكىلات رەھبەرلىرىگە، ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي ئاپەت رايونلىرىغا بېرىپ، تۈركىيە خەلقىدىن، جىددىي قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتى قىلىۋاتقان پىدائىيلىرىمىزدىن ھال سورىغان ئالىملىرىمىزغا، بارلىق پىدائىيلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بارلىق خەلقىمىزنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈمىدى بولغان تەشكىلاتلىرىمىزنى ھەم بارلىق سىياسىي خىزمەتلىرىنىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئەمەلىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز ياردەم قىلساق تەشكىلاتلىرىمىز كۈچىيىدۇ، تەشكىلاتلىرىمىز كۈچەيسە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىل بولىدىغان كۈنى بىر كۈن بولسىمۇ يېقىنلىشىدۇ.

2023-يىلى 23-فېۋرال



# خىتاي قۇتقۇزۇش ئەترىتىنىڭ تۈركىيەدىكى نومۇسسىزلىقى غۇلغۇلا قوزغىدى

خىتايدىن كەلگەن ئاتالمىش «ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم گۇرۇپپىسى»نىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان تۈركىيە خەلقىنى پۇل ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى ئاشكارىلىنىپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

8-فېۋرال تارقالغان بىر سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتايدىن كەلگەن ئاتالمىش «ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ياردەم گۇرۇپپىسى»دىكى خىتاي مۇخبىرلار پۇل ئارقىلىق ئاپەتكە ئۇچرىغان تۈركىيە خەلقىنى نۆۋەتتىكى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان.

مەزكۇر سىندا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بىر پەيتتە، كامېرا ۋە مىكروفون تۇتقان ئۈچ خىتاي ئۆزلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت تېلېۋىزىيەسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئاپەت سەۋەبلىك كۆڭلىنىڭ تولىمۇ يېرىم بولغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئارقىدىن ئالدىراش ئىشلەۋاتقان 60 ياش ئەتراپىدىكى بىر كىشىدىن نىمە ئىشلار بولدى؟ ھۆكۈمەت سىلەرگە نېمىلەرنى قىلدى؟ دەپ سورىغان.

ئۇ كىشى: «بۇ ئاللاھتىن كەلگەن ئاپەت، بىز تۈرك خەلقىنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئېھتىياجىمىز يوق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىمىز ھەل قىلالايمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن خىتايلار: «گېپىڭىزگە قارىغاندا سىز ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ ئەزاسىمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇ كىشى: «مەن پەقەتلا بىر تۈرك خەلقىنىڭ ئەزاسى، ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، بىزدە پارتىيە ئايرىمىچىلىقى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

خىتايلار ئاخىرى رەزىل مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ ئۇ كىشىگە پۇل سۇنۇپ تۇرۇپ: «ھۆكۈمەت ھەققىدە بىر-ئىككى جۈملە سۆزلەپ بەرمەمسىز؟ سىزنى رازى قىلاتتۇق» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشى ئۇلارنىڭ بۇ نومۇسسىزلىقىدىن غەزەپلىنىپ، «كۆزۈمدىن يوقىلىش» دەپ ئۇلارنى ھەيدىۋەتكەن.

ئۇندىن باشقا، خىتاينىڭ بىر قانچە

كۆنلۈك قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرى جەريانىدا ئادەم قۇتقۇزۇشتىن بەكرەك ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش، خىتاي رېجىمىنى تەشۋىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى قوشۇلۇپ ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا غۇلغۇلا قوزغىدى.

خىتايدىن كەلگەن خادىملارنىڭ تۇنجىسى خوڭكوڭدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھاتايغا 8-فېۋرال چۈشۈپ بولغان بولسىمۇ، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئەۋەتىلگەن خادىملار كېلىپ بولغۇچە ئۇلارنى قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشماسلىققا بۇيرۇلغان. خىتاي ئەتىرتى كەلگەندىن كېيىنمۇ دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتمەستىن مەخسۇس بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشى، قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنىڭ كېچىكىپ باشلىنىشى، ھېچقانداق دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش خادىملىرىدا كۆرۈلمىگەن تەرىقىدە بارغان ھەر يەردە خارابىلىك ئۈستىگە بايرىقىنى قادىۋېلىشى، ھەتتا تەيۋەندىن كەلگەن قۇتقۇزۇش خادىملىرىنىمۇ خىتاي ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىشى دېگەندەك نومۇسسىزلىقلار تۈرك خەلقىنىڭلا غەزىپىنى قوزغاپ قالماستىن، خوڭكوڭلۇقلارنىڭ ۋە تەيۋەنلىكلەرنىڭمۇ غەزىپىنى قوزغىغان.

بۇلاردىن سىرت، خىتاينىڭ ئىرېلاندىيەدىكى كونسۇلخانا خادىمى تۈركىيەدىكى چاناققەلئە كۆۋرۈكىنى چىقىرىپ، بۇنى «خىتاي سالغان كۆۋرۈك» دەپ دەۋا قىلغان ۋە قاتتىق يەر تەۋرەشتە مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى كۆز-كۆز قىلىپ، «خىتاي تېخنىكىسى» دېگەن ھەشتەگ بىلەن ھەمبەھىرلىگەن.

ئەمما چاناققەلئە كۆۋرۈكىنىڭ خىتاي بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق بولۇپ، تۈركىيە بىلەن كورىيە بىرلىكتە سالغان. شۇنداقلا يەر تەۋرىگەن قەھرىمانماراش بىلەن چاناققەلئە ئارىسىدا 1000 كىلومېتىر ئارىلىق بار بولۇپ، بۇ يەردە يەر تەۋرىمىگەن.

خىتاينىڭ مەزكۇر ساختا تەشۋىقاتىنى خىتاينىڭ فىرانسىيە قاتارلىق باشقا دۆلەتلەردىكى كونسۇلخانىلىرىمۇ بەس-بەستە تارقىتىشقان بولۇپ، بۇ يالغانچىلىق قاتتىق ئەيىبلەنگەندىن كېيىن خىتاي ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى دەرھال ئۆچۈرۈشكە باشلىغان. خىتاينىڭ بۇ نومۇسسىزلىقى نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ قاتتىق ئەيىبلەندى.



2014-يىلىدىن بۇيان تايلاند تۈرمىسىدە ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇھاجىر ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ 12-فېۋرال ۋاپات بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىز 2014-يىلىدىن بۇيان تايلاند تۈرمىسىدە ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 50 نەچچە ئۇيغۇر مۇھاجىرنىڭ بىرى. نۆۋەتتە ئۇنىڭ توققۇز پەرزەنتى ۋە ئايالى تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بولۇپ، 2014-يىلى تايلاند دائىرىلىرى خىتاينىڭ تەلىپى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىن ھىجرەت قىلىپ چىققان نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلغان. ۋەقەدىن كېيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قۇچاق ئېچىشى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئايال ۋە پەرزەنتلىرى تۈركىيەگە قايتۇرۇپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

مەرھۇم ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ ئايالى ۋە توققۇز پەرزەنتى شۇ قاتاردا تۈركىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شۇندىن بۇيان تۈركىيەنىڭ قەيسەرى ۋىلايىتىدە تۇرۇۋاتقانىدى.

2017-يىلى تايلاند تۈرمىسىدىن مۆۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ كېلىپ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بىرى 2015-يىلى مەرھۇم ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىز بىلەن ئالتە ئاي تايلاند تۈرمىسىدە بىر كامېردا تۇرغانلىقىنى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ 2019-يىلى تۈرمىدە يېتىۋاتقان توققۇز ئۇيغۇر بىلەن بىرلىكتە تۈرمىدىن قېچىپ، تايلاند چېگراسىدىن چىقىپ بولغۇچە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەرھۇمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، تايلاند دائىرىلىرىنىڭ تۈرمىدىكى ئۇيغۇرلارغا بېرىدىغان تاماقلىرى ناچار ۋە ئاز بولغاچقا، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن كېسەل باسقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا تۈرمە ساقچىلىرى ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىزنى نامەلۇم باھانىلەر بىلەن ئۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ قازا قىلىشىغا تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ تەن جازاسى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، ئابدۇللاھ ئابدۇلئەزىزنىڭ مېيىت نامىزى 14-فېۋرال چۈشتىن كېيىن باڭكوكتىكى ھارۇن مەسچىتىدە چۈشۈرۈلگەن.

تايلاندتا ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 52 دىن 56 گىچە بولۇپ، ئۇلار تايلاندتىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە تارقاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغا قەدەر ئۇزۇن مۇددەت سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى خىتاي بولۇپ، تايلاند ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل بېسىم قىلىپ تۇرۇش نەتىجىسىدە، تايلاند دائىرىلىرى ئۇلارنى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرماقتىكەن.

2022-يىلى تايلاندنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇيۇقسىز تايلاند پايتەختى باڭكوكتىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە يۆتكەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقالغان ۋە بۇ خەۋەر مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرنى كۈچەيتكەنىدى.



# قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز ياۋروپا سەپىرىنى بىكار قىلدى

ياۋروپادىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نارازىلىقى نەتىجىسىدە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ قورچاق رەئىسى ئەركىن تۇنىياز ياۋروپا ئەللىرىنى زىيارەت قىلىش پىلانىنى بىكار قىلدى.

ئەھۋالدىن خەۋەردار ئۈچ كىشىنىڭ «سىياسەت تورى» غا ئېيتىشىچە، ئەركىن تۇنىياز ئۆزىنىڭ پارىژ ۋە بىرىيۇسسېل قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدىكى زىيارەت سەپىرىنى بىكار قىلغان. خەۋەردە ئانالىز قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ زىيارەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ياۋروپا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى بار ئەمەلدارنى قارشى ئالماقچى بولغانلىقىنى ئەيىبلىگەنلىكى ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىدىن ئىكەن.

«سىياسەت تورى» نىڭ ئېيتىشىچە، خىتاينىڭ لوندوندىكى باش ئەلچىخانىسىغا يوللانغان نارازىلىق ئېلخەتلىرى جاۋابسىز قالغان. ئەسلىدە ئەركىن تۇنىياز 13-فېۋرال زىيارىتىنى باشلىماقچى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەنىلا لوندونغا بارىدىغان-بارمايدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىكەن.

ئەركىن تۇنىياز تەكلىپكە بىنائەن ئەنگلىيەدە زىيارەتتە بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغان. ئارقىدىن ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىمۇ زىيارەت قىلىپ، 21-فېۋرال بىرىيۇسسېلدا ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى پىلانلىغان.

ئالدىنقى ھەپتە ئەنگلىيەنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى تاشقى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ بۇ قارارىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن بولۇپ، باش ئىشتابى نيۇيوركقا جايلاشقان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىمۇ 10-فېۋرال بايانات ئېلان قىلىپ، ئەركىن تۇنىياز بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىشقا چاقىرغانىدى.




15-فېۋرال شىۋىيتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھىرىدە ب د ت ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى كومىتېتىنىڭ 73-نۆۋەتلىك يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، خوڭكوڭ ۋە ئاۋمېنىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئادالەت، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرى كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈلدى ۋە خىتايدىن مەزكۇر مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇچۇر ۋە چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنغان يىغىن ئۆتكۈزۈلدى.

خىتاي يىغىنغا خىتاي بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق كۆپلىگەن ئورگان، مىنىستىرلىقلارنىڭ خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن كۆپ كىشىلىك بىر ئۆمەكنى ئەۋەتكەن بولۇپ، يىغىن داۋامىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باشچىلىقىدا ياۋروپا دۆلەتلىرى، تۈركىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە لاگېر شاھىتلىرىدىن قەلبىنۇر سىدىق، گۈلباھار جېلىلوۋا، ئۆمەر بېكالى قاتارلىقلارنىڭمۇ قاتنىشىشى بىلەن مەزكۇر يىغىن بىناسى ئالدىدىلا سۈرەت كۆرگەزمىسى ۋە بىرلەشمە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا ب د ت مۇتەخەسسىسى رودرىك ھېنىبېل خىتاي ۋەكىللىرىدىن شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە يىلدىن بېرى ئىجرا قىلىۋاتقان ئاتالمىش «نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش» نامىدا ئۇيغۇرلارنى سۈرگۈن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئازلاپ كېتىشى، ئاتالمىش «تەربىيەلەش مەركەزلىرى» نامىدىكى لاگېرلار، ئاياللارنىڭ تۇغماس قىلىنىشى، ئاتالمىش «ياتاقلىق مەكتەپ» نامىدا ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئائىلىدىن ئايرىش، قالايمىقان تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كەلگەن مەسىلىلەر ھەققىدە چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلغان. ئەمما خىتاي ۋەكىللىرى مەزكۇر سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئىلگىرى خەلقئارا سەھنىلەردە جاۋاب بەرگىنىگە ئوخشاشلا يادلىۋالغان سۆز-جۈملىلەرنى تەكرارلاپ، دۇنيانى ئالداشقا ئۇرۇنغان.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار

بىرلىكمۇ مەزكۇر يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن، 10 دىن كۆپ دۆلەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قوللىشىنى تەلەپ قىلغانىدى.

مەزكۇر يىغىنغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى ھەيئەت ۋە لاگېر شاھىتلىرى قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا سۆز بېرىلمىگەن.




ياۋروپا-خىتاي كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتى ئەسلىگە كەلگەن بىر پەيتتە، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى ياۋروپا-كىشىلىك ھوقۇق سۆھبىتىنى «ئەھمىيەتسىز» دەپ ئاتىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 38-نۆۋەتلىك ياۋروپا-خىتاي كىشىلىك ھوقۇق دىيالوگى 17-فېۋرال بىريۇسسېلدا باشلانغان بولۇپ، مەزكۇر سۆھبەت خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى سەۋەبلىك ئۈچ يىلدىن بېرى توختاپ قالغانىدى.

ياۋروپا ئىتتىپاقى 18-فېۋرال ئېلان قىلغان باياناتىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۆزۈن يىللار تاقالغان كىشىلىك ھوقۇق سۆھبەت يولى قايتا ئېچىلغان بولۇپ، بۇ سۆھبەت ئىككى تەرەپنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە بىر-بىرىگە يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئالامىتى بولغان.

ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار ئورگىنى ئاسىيا-تىنچ ئوكيان باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پاۋلا پامپالونى بىلەن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇن لىي باياناتى ئېلان قىلغان.

ياۋروپا تەرەپ باياناتىدا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك قىلمىشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقى تىلغا ئالغان خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك قىلمىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، ئادىل قانۇن ئىجرا قىلماسلىق، مۇستەقىل ئەدلىيەنىڭ كەمچىل بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي-ياۋروپا

كىشىلىك هوقۇق دىيالوگى 1997-يىلى باشلانغان بولۇپ، ئەسلىدە هەر ئالتە ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان. ئەمما ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا قاتناشقان خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزگەن بولۇپ، خىتاي تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، ياۋروپادىكى بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئورگانلىرىغا جازا يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. نەتىجىدە ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىشىپ كەلگەن كىشىلىك هوقۇق دىيالوگى 2019-يىلى توختاپ قالغان.




خىتاي رېجىمى ئەنگلىيەدە پاناهلىق تىلىگەن بىر ئۇيغۇرنى نەچچە مىڭ دوللار ۋە تۈرلۈك ۋەدىلەر بىلەن جاسۇسلۇققا سالماقچى بولغان.

LBC رادىيوسىنىڭ 20-فېۋرالدىكى خەۋرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي بىخەتەرلىك خادىمى خىتاي رېجىمىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئەنگلىيەدە پاناهلىق تىلىگەن بىر ئۇيغۇرنى هەر ئايدا نەچچە مىڭ دوللار بېرىپ، جاسۇسلۇققا سېلىشقا ئۇرۇنغان.

تېلېفون خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي بىخەتەرلىك خادىمى نۆۋەتتە ئەنگلىيەدىن پاناهلىق تىلەپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى بۇلغاش مەقسىتىدە، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى جاسۇسلۇققا سالماقچى بولغان. خىتاي خادىم پاناهلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇرغا: «خىزمەت ۋاقتى نورمال، ئاسان خىزمەتلەر بار، ئايدا 8000 دوللارغىچە كىرىم قىلالايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىزنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىشىڭ كېرەك» دېگەن.

پاناهلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇر مۇخبىرغا مەزكۇر خىتاي خادىمنىڭ ئۇنى ئەنگلىيەدىكى نامايىش ۋە ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتنىشىش، رازۋېدكا قىلىش ئارقىلىق، نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەهۋالىنى، تىزىملىكىنى دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتقان. خىتاي بىخەتەرلىك خادىمى ئۇ ئۇيغۇرغا يەنە مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى خاتىرىلەش ۋە

بەزى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ نىمە ئىشلارنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بايقاشنى تەلەپ قىلغان.

خىتاي خادىمى پۇلدىن باشقا، يەنە ئۇ ئۇيغۇر كىشىنىڭ ئانىسى بىلەن نورمال ئالاقىلىشىشىغا رۇخسەت قىلىش، بالىسىنى ئەنگلىيەگە ئەۋەتىپ بېرىش، تۈرمە ياكى جازا لاگېرىدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولسا، ئەركىنلىككە چىقىرىش قاتارلىق ۋەدىلەرنى بەرگەن.

مەزكۇر ئۇيغۇر مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانىسى بىلەن قايتىدىن ئالاقىلىشىش قاتارلىق ۋەدىلەرنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى، ئەمما يەنىلا ۋىجدانى يول قويمىغانلىقتىن بۇ ئىشنى قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.




# خىتاي ئاقتۇ ناھىيەسىدە مەخسۇس تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى قوزغىدى

خىتاي رىجىمى ھەرخىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۇتقۇن قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ قېتىم ئاقتۇ ناھىيەسىدە ئاتالمىش «باھار گۈلدۈرماما ھەرىكىتى» نامىدا مەخسۇس تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتى قوزغىغان.

ئاقتۇ ناھىيەلىك ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، مەزكۇر تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى ئاقتۇ ناھىيەلىك سوت مەھكىمىسى ئالاھىدە قوزغىغان بولۇپ، 16-فېۋرال خىتاي رىجىمى قىسمەن ئاھالىلەرنى ساقچىخانىغا مەجبۇرىي چاقىرىپ كېلىپ، تۇتقۇن قىلغان. قىسمەنلىرىنى ئائىلىسىگە كىرىپ تۇتقۇن قىلغان.

خەۋەردە خىتاي رىجىمىنىڭ سەككىز سائەت ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق تۆت دېلونى پاش قىلغانلىقى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سەككىز ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ، تۆت ئادەمنى رەسمىي توختىتىپ قويغانلىقى بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ نىمە سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ياكى توختىتىپ قويۇلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرمىگەن.

ئۇندىن باشقا خىتاي دۆلەت تورىنىڭ 14-فېۋرال خەۋەر قىلىشىچە، قەشقەر مارالبېشى تۇمشۇق شەھىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئاتالمىش «باھار گۈلدۈرماما ھەرىكىتى»

نامىدا مەخسۇس ھەرىكەت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەلۇم بولۇشىچە خىتاي بۇ نامدىكى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ھەرقايسى ناھىيەلەردە ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلغان.



# شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئىزچىل داۋام قىلماقتا

خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىزچىل تۈردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلاردىن ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىنتايىن تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان.

تارقالغان سىننىڭ بىرىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەلۇم رايوندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئورنىنىڭ چوڭ زالىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان يۈزلىگەن ئاياللار رەتلىك تۇرغۇزۇلۇپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «دۆلەت شېئىرى»نى خىتايچە ئوقۇشقا مەجبۇرلانغان بولۇپ، مەزكۇر ئاياللارنىڭ ئەسكەرچە تىزىلىپ ناخشا ئېيتىشى قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمىدە باشقۇرۇلۇۋاتقان تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئەسلەتمەكتە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئېغىر مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى بىلەن كونترول قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

يەنە بىر سىندا ئاياللارنىڭ ھەرخىل كەشتىلەرنى تىكىۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىددىي مەشغۇلات قىلىۋاتقانلىقى بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قىلمىشى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارىلانغان بىر ۋەزىيەتتە، خىتاي تەشۋىقات ۋاستىلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش تەشۋىقاتلىرىنى كۈچەيتمەكتە. بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، مەجبۇرىي ئەمگەك مەيدانلىرىدىكى تاماقنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ناچار بولغاندىن باشقا، ئىنتايىن تۆۋەن ئىش ھەققى بەرگەننى

ئاز دەپ، ئاي ئاخىرىدا تاماق پۇلىنى تۇتۇپ قېلىپ ئاشقىنىنى بېرىدىكەن. بۇ سەۋەبلىك ئىشچىلارنىڭ قولىغا تېخىمۇ ئاز پۇل تېگىدىكەن.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىلەرنى پارچىلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئازايتىش، مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە قاماپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن خىتاي زاۋۇتلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سالماقتا.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، باش كاتىپ ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى، ياۋروپا تاشقى ئىشلار مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىي قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان ھەيئەتنىڭ مالايشىيا زىيارىتى داۋام قىلماقتا.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئالدىنقى سېپىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا كېڭەيتىش مەسىلىسىدە ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىگە تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە يىللاردىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان خىزمەتلىرىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتمەكتە.

ھەيئەت 26-فېۋرال مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ تىنچلىق ئورنىتىش ۋە ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى ئالاھىدە ۋەكىلى دوكتور ئابدۇرازاق ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى ۋە كۈنتەرتىپتىكى مۇھىم مەسىلىلەر ۋە كەلگۈسى پىلانلار ھەققىدە مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئافغانىستان ئالاھىدە ۋەكىلى دوكتور ئەھمەد ئەززام بىلەن كۆرۈشتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، كۈنتەرتىپتىكى مۇھىم مەسىلىلەر

ۋە بىرلىكتە قىلىشقا تېگىشلىك پىلانلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

ھەيئەت يەنە مالايشىيا باش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن كۈئالالامپۇردا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە باش مىنىستىر ئەنۋەر ئىبراھىم ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زامبرى ئابدۇلقادىر، ھەرقايسى مىنىستىرلار، دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرى ۋە دىپلوماتلار، تەتقىقاتچىلار، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان «خەلقئارا ئىسلام دۇشمەنلىكى مۇنبىرى»گە قاتناشتى ۋە باش مىنىستىر ئەنۋەر ئىبراھىم ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زامبرى ئابدۇلقادىر بىلەن كۆرۈشتى. مۇنبەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىمۇ كۈنتەرتىپكە كەلدى.

28-فېۋرال خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرمۇھەممەد مەجىد تۈركىستانىي مالايشىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە مالايشىيادىكى مۇھىم ئەقىل ئامبىرى ۋە ئىقتىدارلىقلارنى تەربىيەلەش تەشكىلاتى بولغان «Benevolent Malaysia»نىڭ رەئىسى جۇفتىرى جوھا ئەپەندىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت داۋامىدا شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنى تەربىيەلەش مەسىلىسىدە ھەمكارلىق خىزمەتلىرى، كۈنتەرتىپتىكى مۇھىم مەسىلىلەر ۋە كەلگۈسى پىلانلار مۇزاكىرە قىلىندى.

ھەيئەت يەنە كۈئالالامپۇردا مالايشىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم تەشكىلاتى بولغان يەرشارى تىنچلىق بۇرچى تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ۋە باشقۇرغۇچى ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كەلگۈسىدە مالايشىيادا ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان پائالىيەتلىرى ۋە ئورتاق ھەمكارلىشىش ساھەلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلدى.



ھىندىستان تاراتقۇلىرى تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنى خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكىتىنى توختىتىش مەسىلىسىدە ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا چاقىرغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ھىندىستان ۋاقىت گېزىتى 20-فېۋرال تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايغا قارشى ھىندىستان ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلغان. خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسى مۇئاۋىن ئەمىرى ئابدۇسالام يېقىندا مەركىزى ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىسلامىي تېئولوگىيە مەركىزىنىڭ (ITCT) زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ ھىندىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئېلىپ، خىتاي رېجىمىنىڭ گالۋان ۋادىسى ۋە ئارۇناچال پىرادىشتا زومىگەرلىكتە كۆنسېرى چەكتىن ئېشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ھىندىستاننى ھوشيار بولۇشقا چاقىرىپ: «خىتاي پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇپ، بەزى چېگرا رايونلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئېھتىماللىقى بار. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن قۇتۇلۇشنى، قوشنىدارچىلىققا رىئايە قىلىدىغان بىر قوشنا دۆلەتنى ئارزۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلايمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇ يەنە ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە خىتاب قىلىپ: «تىبەت سۈرگۈنىدە ھۆكۈمىتىگە غەمخورلۇق قىلغانغا ئوخشاش، قوشنىدارچىلىقىمىزنى ئېتىبارغا ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشىنى، ۋەتەنسىزلىكتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە پاناھلىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن.

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق**

تەھرىر **ي. قۇرۇم**

لايىھەلىگۈچى **ي. قۇرۇم**

كارىكاتۇر **رادۋا ئادىل**

نەشر قىلغۇچى ئورۇن **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى**

نەشر تۈرى **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى**



ئادرېس **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2**
**Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL**

**info@istiqlalmedia.com**
**www.istiqlalmedia.com** **www.istiqlalhaber.com**
**+90 553 895 19 33** **+90 212 540 31 15**
**+90 541 797 77 00**



DTMD
**DOĞU TÜRKİSTAN**
**BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى